# تۆۋەن چەك تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەشقەر شەھىرىدىكى تۈمەن دەرياسى ئىككى قىرغىقىنىڭ ئىلگىرى مۇھىتى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار بولۇپ، سىستېمىلىق تۈزەش ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە يايپېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ، دەريا ـ كۆل سۈيى سۈزۈلۈپ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەر ئارام ئېلىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان ياخشى جايغا ئايلاندى. چېن چۈەنگو نەق مەيداندا تۈمەن دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ۋە سۇلۇق يەر، كۆل ياقىسى بەلبېغىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: دەريا ـ كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، قوغداش، تۈزەش تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تۈرلۈك مۇھىم ئامىللارنى ئىلمىي سەپلەشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلاردىن ياخشى ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە جەمئىيەت ئۈنۈمى ھاسىل قىلىش كېرەك.

قەشقەر شەھىرىنىڭ سەمەن يېزىسىنىڭ تىكەنبېشى كەنتىدە، چېن چۈەنگو ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە سىدىق ھېيتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئىشلەمچىلىك قىلىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش، كېسەل كۆرسىتىش، ئوقۇش، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى، ئۇنى داۋاملىق تىرىشىپ، ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ، سىجىل كىرىمنى كۆپەيتىپ بېيىپ، كۈنلىرىنى بارغانسېرى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

چېن چۈەنگو قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىدىكى بىر ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى ياساش كارخانىسىغا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تېخنىكا ئىسلاھاتى ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئوتتۇرا، يۇقىرى سەۋىيەگە ئۈزلۈكسىز يۈزلەندۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار كارخانىلارنىڭ 1 ـ سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كارخانىنىڭ زورىيىشى، كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

چېن چۈەنگو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئىستىل، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان غەيرەت بىلەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك. دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋاقىت، ۋەزىيەتكە قاراپ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى زۆرۈر بولغان مۇداپىئەنى ياخشى قىلىشقا يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاشلىق، ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، كەسىپ زەنجىرىدىكى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، تەرەققىياتتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. بىرلا غەيرەتكە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچكە كاپالەتلىك قىلدۇرۇش»نى چىڭ كۆزلەپ، دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، كەمتۈكلۈكلەر، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سالماقنى ئاشۇرۇپ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم كۆرۈلۈشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي تۈردە ئاشۇرۇش كېرەك. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار ـ مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك. جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنىڭ ئومۇمىي جۇغلانما سوممىسى 300 مىليارد يۈەندىن ئاشتى

### ئاممىۋى فوندى قەرز پۇلى تۇرالغۇ ئىناۋەتلىك قەرز پۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا يېقىنراقىنى ئىگىلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى جۇغلاش سالمىقىنى ئاشۇرغان، 2019 ـ يىلى جۇغلانغان مەبلەغ 42 مىليارد 140 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 13.51% ئاشقان، ئۇدا ئىككى يىل ئىككى خانىلىق سان بويىچە ئېشىش ئىشقا ئېشىپ، ئومۇمىي جۇغلانما سومما 300 مىليارد يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 314 مىليارد 507 مىليون يۈەنگە يېتىپ، جۇغلانما قالدۇقى 123 مىليارد 94 مىليون يۈەن بولغان.

بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونىمىز تۇنجى يۈرۈش تۇرالغۇغا قەرز پۇلى تارقىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، كەسىپ نازارەتچىلىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنىڭ يۈرۈشۈش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، مەبلەغنىڭ يۈرۈشۈش نىسبىتىنى 88.71%كە يەتكۈزگەن.

تېز سۈرئەتتە ئاشقان تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنىڭ «مەبلەغ كۆلچىكى» ئامانەت قويغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە سىجىل نەپ يەتكۈزگەن. 2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز تارقاتقان شەخسلەر تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى قەرز پۇلى جەمئىي 25 مىليارد 92 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9 مىليارد 212 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 58.01% ئاشقان، قەرز پۇل قالدۇقى 88 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 73 مىڭ 500 ئائىلىنىڭ 8 مىليون 553 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر ئۆي سېتىۋېلىشى، سېلىشىغا مەدەت بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا، تۆۋەن كىرىملىك كىشىلەر توپى 97.62%نى ئىگىلىگەن. تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى قەرز پۇلى ئاپتونوم رايونىمىز تۇرالغۇ ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بازىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا يېقىنراقىنى ئىگىلەپ، تاپشۇرغان ـ ئامانەت قويغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى ياخشىلىشىنى كۈچلۈك قوللاپ، ئاممىنىڭ «بەخت تۇيغۇسى»نى ئاشۇرغان.

بۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى تاپشۇرىدىغان ـ ئامانەت قويىدىغان سۇبيېكتلار ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىمۇ تېخىمۇ كۆپ مەنبەلەشكەن. بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا تاپشۇرغان ـ ئامانەت قويغان ئورۇن جەمئىي 34 مىڭ 411، تاپشۇرغان ـ ئامانەت قويغان ئىشچى ـ خىزمەتچى 2 مىليون 174 مىڭ 300 بولغان.

تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى تۆۋەن ئۆسۈملۈك سىياسەت خاراكتېرلىك قەرز پۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن، 2019 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 782 مىڭ ئادەم 29 مىليارد 303 مىليون يۈەن تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندى ئالغان، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 36%نى ئىگىلىگەن، تاپشۇرغان ـ ئامانەت قويغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۈچۈن 4 مىليارد 554 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئۆسۈم چىقىمى تېجەپ قېلىنىپ، تاپشۇرغان ـ ئامانەت قويغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تۈزۈم ئېلىپ كەلگەن نەپتىن ھەقىقىي بەھرىمەن قىلىپ، تاپشۇرغان ـ ئامانەت قويغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتكەن.

## ئاپتونوم رايونىمىز يىل ئاخىرىغىچە ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسىدا كۆتۈنۈش پۇلى تارقىتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: «ھازىر كۆتۈنۈش پۇلى ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسىغا بىۋاسىتە ئۇرۇلىدۇ، قاتراپ يۈرۈشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، ناھايىتى قولايلىق» دېدى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، شايار ناھىيەسى تويبولدى بازىرى غالىبىيەت كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مۇسا ئەزىز خۇشال ھالدا.

بۇ يىل، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتىنى تارقىتىش يوللىرىنى تەڭشەپ، ئۇنى بىرتۇتاش ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسى پۇل مۇئامىلە ئىسچوتىغا تارقىتىپ بەردى. ئىگىلىنىشچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسى ئارقىلىق كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتى تارقىتىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلىۋېتىپتۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز 19 مىليون 756 مىڭ 500 ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسى، 2 مىليون 160 مىڭ 700 ئېلېكترونلۇق ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسى تارقاتقان؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتى ئالىدىغانلار 2 مىليون 600 مىڭدىن ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليون 805 مىڭ 700 ئادەم ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسى ئارقىلىق ئالىدىغان بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تەمىنات ئالىدىغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 70%كە يېقىنراقىنى ئىگىلەيدىكەن.

«نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايوندا يېڭىدىن كۆپەيگەن كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلارغا تەمىناتنى ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسى ئارقىلىق تارقىتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسى ئارقىلىق كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتىنى تارقىتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاشنى تىرىشىپ ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ ئاممىنى تېخىمۇ قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئۇچۇر مەركىزى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گوچىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايونىمىز ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسى ئارقىلىق كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتى تارقىتىش خىزمىتىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسى ئارقىلىق جەمئىي 72 مىليارد 817 مىليون يۈەن تەمىنات تارقىتىلدى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ئېيىنى مىسالغا ئالساق، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر ئايدا ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسى ئارقىلىق 3 مىليارد 819 مىليون يۈەن كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى تەمىناتى تارقىتىلدى.

## گوۋۇيۈەن پۇل مۇئامىلە كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ شىنجاڭ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈگفېينىڭ خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسىدىن ئىگىلىشىچە، 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى مەركىزىنىڭ پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتى، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى يىغىپ، گوۋۇيۈەن پۇل مۇئامىلە كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ يەرلىك ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى)نى قۇرغان (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «شىنجاڭ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى» دېيىلىدۇ) ھەم 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئاچقان، بۇ، شىنجاڭ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنىڭ رەسمىي ئورنىتىلغانلىقىدىن ھەم ئىشقا كىرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا گوۋۇيۈەن پۇل مۇئامىلە كومىتېتى ئىشخانىسى «گوۋۇيۈەننىڭ پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ يەرلىك ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىش توغرىسىدىكى پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، ھەرقايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)لەردە پۇل مۇئامىلە كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ يەرلىك ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، خەۋپ ـ خەتەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئۇچۇردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى يېتەكچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇشنى مەۋقە قىلغان بولۇپ، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئۆزگەرمەيدۇ، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۆزگەرمەيدۇ.

پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئورتاق كېڭىشىش ئارقىلىق، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار يۇقىرى ئۈنۈملۈك ماسلىشىپ خىزمەت قىلىش مېخانىزمى ئورنىتىشقا قارىتا، پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون قاتلىمىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش سىياسىتىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، مەبلەغنى ئەمەلىي ئىقتىساد، بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنى قوللاشقا ئىشلىتىپ، يەرلىكنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سودىنى، بازارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قوللاشنى ياخشى قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، رايون پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشقا مەدەت بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاق تونۇشنى كۈچەيتتى.

## بىڭتۇەننىڭ داۋاملاشما نۇقتىلىق تاشيول تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

### بۇ يىل نۇقتىلىق تاشيول تۈرى سېلىنمىسى 10 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ شياۋيەن خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاي شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش قۇرۇلۇش تۈردە ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئالتۇن مەزگىلى، بىڭتۇەن قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرى پۇرسەتنى تېزدىن تۇتۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ قاتناش قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سىلجىتماقتا. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە، بىڭتۇەننىڭ 50 داۋاملاشما نۇقتىلىق تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ ھەممىسىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

بۇ يىل، بىڭتۇەننىڭ نۇقتىلىق تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرى جەمئىي 60 بولۇپ، 10 مىليارد 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، قۇرۇلۇش مۇساپىسى 2300 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى 50 بولۇپ، قۇرۇلۇش مۇساپىسى 2000 كىلومېتىرغا يېقىنلىشىدۇ، بۇ يىل 9 مىليارد 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاش پىلانلانغان.

بىڭتۇەن قاتناش ـ ترانسپورت ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە، داۋاملاشما نۇقتىلىق تاشيول تۈرىنىڭ 4 مىليارد 800 مىليون يۈەن دۆلەت پىلانى مەبلىغى تولۇق ئەمەلىيلەشتى، قاتناش تارماقلىرى قاتناش ـ ترانسپورت تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتماقتا.

ئىگىلىنىشچە، بۇ يىل بىڭتۇەن يېڭىدىن قۇرىدىغان نۇقتىلىق تاشيول قۇرۇلۇش تۈرى ئون بولۇپ، بۇ تۈرگە جەمئىي 2 مىليارد 900 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىكەن، قۇرۇلۇش مۇساپىسى 340 كىلومېتىر ئىكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 3 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ «1+3+3+ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، «بىر پورت، ئىككى رايون، بەش چوڭ مەركەز، پورت ئىقتىساد بەلبېغى»نى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىچكى ـ تاشقى ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشنى يېتەكچى قىلىپ، يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىنچىكىلىشىشى، پۇختىلىنىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، بىر تۈركۈم بەلگە خاراكتېرلىكى، يېتەكلەش خاراكتېرلىكى، كۆزگە چېلىقارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

«خىزمەت مۇھىم نۇقتىسى» «بىر پورت»، «ئىككى رايون»، «بەش چوڭ مەركەز»، «پورت ئىقتىساد بەلبېغى»، كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بەش بۆلەكتىكى 17 تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ياندىش ئەسلىھەلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سۈپىتى ـ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ كەسىپلەرنىڭ توپلانما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش. ئىككىنچى، قورغاس، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، يادرولۇق رايوننىڭ جەنۇب ـ شىمال ئىككى مۇھىم تايىنىش نۇقتىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش. ئۈچىنچى، «بەش چوڭ مەركەز» قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، قاتناش تۈگۈنى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، سودا ئوبوروت مەركىزى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىيەت، پەن ـ مائارىپ مەركىزى قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، داۋالاش مۇلازىمىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، رايون پۇل مۇئامىلە مەركىزى قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىش. تۆتىنچى، پورت ئىقتىساد بەلبېغى تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، پورت ئىقتىساد بەلبېغى سىياسىتى، يىرىك پىلان سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «پورت ئىقتىسادى»نىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا تۈرتكە بولۇش. بەشىنچى، كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قاتتىق تۇتۇش.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تېخنىكىسى ئىلغار، ئىدىيەسى ئىلغار، باشقۇرۇشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۈرۈشۈشى ماسلاشقان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى خەلقئارا يۈك ترانسپورت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى بەرپا قىلىنىپ، ئۈرۈمچى تۈگۈن مەركىزى قىلىنغان، نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ مال يىغىش، تاموژنىغا مەلۇم قىلىش، ئايرىش، ھېسابات قىلىشىغا مەدەت بېرىلىدىغان، ئالاتاۋ، قورغاس تايانچ نۇقتا قىلىنغان، نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاموژنىدىن ئۆتۈشى، قولايلىق ئالماشتۇرۇشى ـ قاچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ماس تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

«لايىھە»دە سەككىز جەھەتتىكى 26 تۈرلۈك نۇقتىلىق ۋەزىپە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بىرىنچى، مۇھىم، زور تۈل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يىغىلىش مەركىزىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى تۈرىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، كۆپ شەكىللىك بىرلەشمە ترانسپورت مەركىزىنىڭ مۇلازىمەت ئەسلىھەسى بولغان تۆمۈريول پورتى سودا ئىشلىرى، سودا رايونى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش؛ ئىككىنچى، ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈن تورى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ ئۈچىنچى، نۆۋەتچى پويىزلارنى تەشكىللەش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئەللاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنى تەشكىللەش، يولغا سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول پورتى خەلقئارا تېز يوللانما مەركىزى قۇرۇشنى تېزلىتىش؛ تۆتىنچى، نۆۋەتچى پويىز كەسپىي مۇلازىمەت سۈپىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەيدان ـ بېكەتلەرنى ئەللاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىش؛ بەشىنچى، سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىقتىدار سۈپىتىنى كېڭەيتىپ، ئۈرۈمچى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى ئۇنىۋېرسال سىناق رايونىنى پائال ئىلتىماس قىلىپ قۇرۇش؛ ئالتىنچى، تاموژنىدىن ئۆتۈشنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ يەتتىنچى، لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ چېگرا سىرتىدا باغچە رايونى ۋە چېگرا سىرتىدا ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىق رايونى قۇرۇشىنى قوللاش؛ سەككىزىنچى، سىرتقا يۈزلەنگەن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىقلار.